بسم الله الرحمن الرحيم


# ئىسلام ئاۋازى

31- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)


# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئەھلى سۈننە قۇرئان ئوقۇش ئارقىلىق الله قا يېقىنلىشىشنى ئىزدەيدۇ چۈنكى قۇرئاننىڭ ھەر بىر ھەرپىنى ئوقۇشتا بىر ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) بار ۋە ھەر ياخشىلىق ئۆزىنىڭ ئون ھەسسە باراۋىرىدە پۈتۈلىدۇ چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق خەۋەر بەرگەن: «كىمكى الله نىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپنى ئوقۇسا، شۇ ھەرپ سەۋەبلىك بىر ياخشىلىق (يەنى ئەجىر، ساۋاب)قا ئېرىشىدۇ. ھەر ياخشىلىق ئۆزىنىڭ ئون ھەسسە باراۋىرىدە بولىدۇ. مەن <ئەلىف، لام، مىم>نى بىر ھەرپ دېمەيمەن لېكىن <ئەلىف> بىر ھەرپ، <لام> بىر ھەرپ ۋە <مىم> بىر ھەرپتۇر» (تىرمىزى نەقىل قىلغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە قۇرئاننى پەقەت رەئيى بىلەنلا (يەنى ئايەت، ھەدىس، ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرىدىن خالىي بولغان تەپسىر بىلەنلا) تەپسىر قىلىشنى راۋا كۆرمەيدۇ چۈنكى بۇنداق قىلىش الله نىڭ نامىدىن ئىلىمسىز ۋە دەلىلسىز سۆزلىگەنلىكتۇر شۇنداقلا شەيتاننىڭ ئەمىلىدۇر. بۇنىڭغا الله تعالى نىڭ مانا بۇ سۆزى شاھىدتۇر: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ كُلُوا مِمَّا فِي الْأَرْضِ حَلَالًا طَيِّبًا وَلَا تَتَّبِعُوا خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُبِينٌ ۞ إِنَّمَا يَأْمُرُكُمْ بِالسُّوءِ وَالْفَحْشَاءِ وَأَنْ تَقُولُوا عَلَى اللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ ۞﴾ «ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال، پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر [168]. شەيتان سىلەرنى ھەقىقەتەن يامانلىقلارغا، قەبىھ گۇناھلارغا ۋە الله نامىدىن، يالغاندىن (الله سىلەرگە ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام دەپ ۋە ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال دەپ)، سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ [169]» (سۈرە بەقەرە 168-، 169- ئايەت).

ئەھلى سۈننە قۇرئاننى ئاۋۋال قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلىپ، مۇجمەل (يەنى تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان) ئايەتنى مۇبەييەن (يەنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن) ئايەت بىلەن، مۇتلەق (يەنى قەيتسىز مەنىدىكى ئايەتنى) مۇقەييەت (يەنى قەيتلىك مەنىدىكى) ئايەت بىلەن، ئام (يەنى ئومۇمىي مەنىدىكى) ئايەتنى خاس (يەنى ئايرىم مەنىدىكى) ئايەت بىلەن ۋە مۇتەشابىھ (يەنى كۆپ مەنىلىك) ئايەتنى مۇھكەم (يەنى بىر مەنىلىك) ئايەت بىلەن تەپسىر قىلىدۇ. (يەنى مۇجمەل، مۇتلەق، ئام ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇتەشابىھ دېيىلىدۇ؛ مۇبەييەن، مۇقەييەت ۋە خاس ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇھكەم دېيىلىدۇ.) ئاندىن كېيىن ئۇلار قۇرئاننى سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن، ئاندىن كېيىن ساھابىلەرنىڭ سۆزى بىلەن، ئاندىن كېيىن تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرى بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرەب تىلى بىلەن تەپسىر قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا يۇقىرىقى مەنبەلەرنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئىجتىھاد قىلىدۇ ۋە ئىجتىھادىدا شەرئىي پرىنسىپ ۋە قائىدىلەردىن چىقىپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئەسەر (يەنى نەقىل) بىلەن نەزەر (يەنى ئەقىل، رەئيى ياكى ئىجتىھاد) ئوتتۇرىسىنى جەملەيدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركىساندا)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْلَمُوا أَنَّمَا غَنِمْتُمْ مِنْ شَيْءٍ فَأَنَّ لِلَّهِ خُمُسَهُ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ إِنْ كُنْتُمْ آمَنْتُمْ بِاللَّهِ وَمَا أَنْزَلْنَا عَلَى عَبْدِنَا يَوْمَ الْفُرْقَانِ يَوْمَ الْتَقَى الْجَمْعَانِ وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«(ئى مۇئمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرى الله قا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش-ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر. ئەگەر سىلەر الله قا، ئىككى گۇرۇھ (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار) ئۇچرىشىپ ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان كۈندە (يەنى بەدر ئۇرۇشى بولغان كۈندە) بەندىمىز (يەنى مۇھەممەد ﷺ)گە بىز نازىل قىلغان نەرسىلەر (يەنى ئايەتلەر ۋە پەرىشتىلەر)گە ئىشەنسەڭلار (الله نىڭ غەنىيمەت توغرىسىدىكى ھۆكمىنىڭ ئەنە شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىڭلار). الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر» (سۈرە ئەنفال 41- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەت ھەققىدە سەييىد قۇتۇب رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: [«(ئى مۇئمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرى الله قا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش-ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر.» مانا بۇ قۇرئان تېكىستى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي ھۆكۈم بولسا، ھەربىر غەنىيمەتنىڭ بەشتىن تۆت قىسمى مۇجاھىدلارغا قايتۇرۇلۇش، بەشتىن بىر قىسمى بولسا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن الله يولىدا جىھاد قىلغۇچى ھەمدە الله نىڭ شەرىئىتىنى يۈرگۈزگۈچى مۇسۇلمان ئەمىرلەرنىڭ شۇ غەنىيمەت مەۋجۇت ۋاقىتتىكى رېئال شارائىتنىڭ تەقەززاسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا قالدۇرۇلۇش بىلەن يېغىنچاقلىنىدۇ ئەمما بۇ تېكىستتىن كېيىنكى دائىملىق كۆرسەتمە بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرقى يېرىمىغا يوشۇرۇنغان: «ئەگەر سىلەر الله قا، ئىككى گۇرۇھ (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار) ئۇچرىشىپ ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان كۈندە (يەنى بەدر ئۇرۇشى بولغان كۈندە) بەندىمىز (يەنى مۇھەممەد ﷺ)گە بىز نازىل قىلغان نەرسىلەر (يەنى ئايەتلەر ۋە پەرىشتىلەر)گە ئىشەنسەڭلار (الله نىڭ غەنىيمەت توغرىسىدىكى ھۆكمىنىڭ ئەنە شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىڭلار). الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر».

ھەقىقەتەن ئىماننىڭ نۇرغۇن ئالامەتلىرى بار بولۇپ، بۇ ئالامەتلەر كىشىدە ئىماننىڭ بار-يوقلۇقىغا ئىسپات بولىدىغان ئالامەتلەردۇر. الله تعالى بۇ ئايەتنىڭ بېشىدا بەدر ئەھلىنىڭ ئىمانىغا الله بەلگىلىگەن غەنىيمەت قانۇنىنى قوبۇل قىلىشنى شەرت قىلىپ قويىدى. الله بۇ خىل قوبۇل قىلىشنى بەدر ئەھلىنىڭ ئۆز دەرگاھىدا ھۆرمەتلىك بولۇشىغا شەرت قىلغاندەك، ئۇلارنىڭ ئىماننى ئېلان قىلغانلىقىنىڭ تەقەززاسى ۋە تەلەپپى قىلدى چۈنكى ئۇلار الله قا ۋە الله ئۆز بەندىسىگە نازىل قىلغان قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرگەن شۇڭا بۇ ئېلاننىڭ روھى ئەمەلىيلىشىشى كېرەك. بىز قۇرئاندا ئىماننىڭ روھىنى مانا مۇشۇنداق روشەن ۋە جەزمى ھالەتتە كۆرىمىزكى، ئۇنىڭدا ھېچبىر سۇيۇقلاشتۇرۇش، تولغاش ۋە تەئۋىل قىلىشلار مەۋجۇت ئەمەس شۇڭا بەزى سەلەفلەر: «ئىمان دېگەن قۇرۇق ئارزۇ قىلىپ قويۇش ئەمەس بەلكى قەلبتە ئورنىغان ھەقىقەت ۋە شۇ ھەقىقەتنى راستقا چىقىرىدىغان ئەمەل ياكى ھەرىكەتتىن ئىبارەت» دېگەن. دېمەك، ئىماننىڭ تىكلىنىشى ئۈچۈن الله نىڭ شەرىئىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە رېئال تۇرمۇشتا ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. كۇفۇر بولسا چوڭ-كىچىك مەسىلىلەردە الله نىڭ شەرىئىتىنى رەت قىلىش، الله نازىل قىلغان ۋەھيىدىن باشقا قانۇنلارنى ئۆلچەم قىلىش ۋە الله نىڭ شەرىئىتىدىن باشقا قانۇن-قائىدىلەرگە ھۆكۈم قىلدۇرۇش دېگەنلىكتۇر. مانا بۇلار ئىنتايىن ئاددىي، روشەن، جەزمىي ئەھكاملار. مانا بۇ ئەھكاملاردىن باشقا ھەممە نەرسە قۇرۇق ئىختىلاپ ۋە تەئۋىللەردىن باشقا نەرسە ئەمەس. مانا بۇ ئەھكاملار الله سبحانه وتعالى نىڭ: «(ئى مۇئمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرى الله قا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش-ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر. ئەگەر سىلەر الله قا، ئىككى گۇرۇھ (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار) ئۇچرىشىپ ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان كۈندە (يەنى بەدر ئۇرۇشى بولغان كۈندە) بەندىمىز (يەنى مۇھەممەد ﷺ)گە بىز نازىل قىلغان نەرسىلەر (يەنى ئايەتلەر ۋە پەرىشتىلەر)گە ئىشەنسەڭلار (الله نىڭ غەنىيمەت توغرىسىدىكى ھۆكمىنىڭ ئەنە شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىڭلار). الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر» دېگەن سۆزىدىكى جەزمىي ۋە ئېنىق ھۆججەتتۇر.

الله تعالى سۈرىنىڭ بېشىدا بۇ غەنىيمەت ماللارنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى شۇ غەنىيمەتلەرنى جەڭ پەيتىدە توپلىغان كىشىلەردىن تارتىپ ئېلىپ الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا قايتۇرىدۇ. بۇنىڭدا كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى بولسا، ھوقۇق پۈتۈنلەي الله قا ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا قالدۇرۇلۇش؛ مۇجاھىدلار يەرنىڭ مەيتۇن قىلغۇچى نەرسىلىرىدىن پۈتۈنلەي خالاس بولۇش؛ ئۆز ئىشلىرىنى ئىگىسى الله ۋە قوماندانى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تەسەررۇپ قىلىشىغا تاپشۇرۇش شۇنداقلا جەڭگە پەقەت الله ئۈچۈن، الله يولىدا ھەمدە الله قا ئىتائەت قىلغانلىقتىن كىرىش دېگەنلەردىن ئىبارەت. بۇ مۇجاھىدلار ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىغا، ماللىرىغا ۋە بارلىق ئىشلىرىغا الله نى ھۆكۈم قىلدۇرىدۇ، ئۇلار بۇ ھۆكۈمگە قىلچە ئېتىراز بىلدۈرمەستىن ۋە پىكىر قىلماستىن باش ئېگىدۇ. مانا بۇ ــ ئىمان. «(ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ) غەنىيمەتلەر (نى قانداق تەقسىم قىلىشىڭ) توغرۇلۇق سەندىن سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: <غەنىيمەتلەر (توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش) الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر، الله تىن قورقۇڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇپ) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار، ئەگەر سىلەر مۇئمىن بولساڭلار الله قا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار> (سۈرە ئەنفال 1- ئايەت).

ئۇلار الله نىڭ بۇ بۇيرۇقىغا تەسلىم بولغاندا، الله نىڭ ئەنە شۇ ھۆكمىگە رازى بولغاندا ۋە ئۇلاردا ئىماننىڭ روھى ۋە مەزمۇنى مۇستەھكەم ئورۇنلاشقاندا، غەنىيمەتنىڭ بەشتىن تۆت قىسمى ئۇلارغا قايتۇرۇلۇپ، بەشتىن بىرى ئەسلى ھالىتى بويىچە الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا قالدۇرۇلىدۇ. بۇ مۇجاھىدلارنىڭ قەلبىگە <غەنىيمەت بىزنىڭ ھەققىمىز ئەمەس، پەقەت الله ئۇنى بىزگە بەرگەندىلا بىز ئۇنىڭغا ھەقلىق بولالىدۇق. شۇنىڭدەك، بىزگە نۇسرەت بېرىدىغان ۋە جەڭنىڭ ئىشىنى ھەمدە بىزنىڭ بارلىق ئىشلىرىمىزنى تەسەررۇپ قىلىدىغان زات پەقەت الله تۇر> دېگەن ھەقىقەت مۇستەھكەم ئورۇنلاشتى. كېيىن الله يەنە شۇنى قايتا بايان قىلدىكى، مانا بۇ يېڭى بۇيرۇققا تەسلىم بولۇشنىڭ ئۆزى ــ ئىمان. بۇ تەسلىم بولۇش ــ ئىماننىڭ شەرتى ۋە ئىماننىڭ تەقەززاسىدۇر] («في ظلال القرآن»دىن ئېلىندى).

# ھەدىس ئۆتۈپلىرى

عَنْ أَنَسٍ، عَنِ النَّبِيِّ ﷺ قَالَ: «لَا يُؤْمِنُ أَحَدُكُمْ حَتَّى يُحِبَّ لِأَخِيهِ مَا يُحِبُّ لِنَفْسِهِ» (أَخْرَجَه البخاري ومسلم).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئەنەس رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە مۇئمىن بولالمايدۇ» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

### ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، ئىسلام دىنىدا ئۈچ مەرتىۋە بولۇپ: 1. ئىسلام؛ 2. ئىمان؛ 3. ئېھساندىن ئىبارەت. بىرىنچى مەرتىۋىدىكىلەر ــ مۇسۇلمان، ئىككىنچى مەرتىۋىدىكىلەر ــ مۇئمىن، ئۈچىنچى مەرتىۋىدىكىلەر ــ مۇھسىن دېيىلىدۇ.

مۇسۇلمان (يەنى بويسۇنغۇچى) دېگەن ــ كۇفرىنى تاشلاپ ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن كۇفرى ئىشنى سادىر قىلمىغان لېكىن گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلغان كىشىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ ــ پاسىق مۇئمىن، ناقىس مۇئمىن ۋە ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلغۇچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ چۈنكى ئۇ الله خالىسا دوزاختا ئازابلىنىدۇ، خالىسا كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ جەننەتكە مۇئمىن ۋە مۇھسىنلاردىن كېيىن كىرىدۇ.

مۇئمىن (يەنى ئىمان كەلتۈرگۈچى) دېگەن ــ كۇفرىنى تاشلاپ ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن كۇفرى ئىشنى سادىر قىلمىغان ۋە كۇفرى ئەمەس گۇناھلارنى ھەم سادىر قىلمىغان لېكىن سۈننەتلەرگە ۋە مەكرۇھلارغا سەل قارىغان كىشىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ ــ مۇقتەسىد (يەنى ئوتتۇراھال بولغۇچى)، ئەسھابۇل يەمىن (يەنى نامە ئەمەلى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلگەنلەر) ۋە كامىل مۇئمىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار دوزاخقا پەقەتلا كىرمەيدۇ ھەمدە مۇھسىندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدۇ چۈنكى ئۇلارنىڭ قىلغان پەرز ئەمەللىرى الله نىڭ دەرگاھىدا شەكسىز قوبۇل بولغان بولىدۇ شۇڭا «سەن مۇئمىنمۇ؟» دەپ سورالسا «إن شاء الله مەن مۇئمىن» دەپ جاۋاب بېرىمىز چۈنكى بىزنىڭ گۇناھلارغا قىلغان تەۋبىمىز ۋە پەرزلەرنى ئىجرا قىلىشىمىز الله نىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولدىمۇ-بولمىدىمۇ بىلمەيمىز شۇڭا ئەگەر بىزدىن: «سەن مۇسۇلمانمۇ؟» دەپ سورالسا، «ھەئە، مەن مۇسۇلمان» ياكى «الحمد لله مۇسۇلمان» دەپ جاۋاب بېرىشىمىز دۇرۇستۇر.

مۇھسىن (يەنى ئېھسان قىلغۇچى) دېگەن ــ ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن كۇفۇر ۋە كۇفۇر ئەمەس گۇناھلارنى تەرك ئەتكەندىن سىرت مەكرۇھلارنى ھەم تەرك ئەتكەن ۋە كۆزلىرىمىزگە كۆرۈنمەيدىغان بۇ دۇنيادا الله

(ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

قا كۆز بىلەن كۆرگەندەك ئىشىنىپ ئەمەل قىلغان كىشىگە قارىتىلغان بولۇپ، بۇلار ـــ مۇقەررەبۇن (يەنى الله قا ئەڭ يېقىن قىلىنغانلار) ۋە سابىقۇن بىلخەيرات (يەنى ياخشىلىققا ئالدىرىغۇچىلار) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شۇڭا بۇ ھەدىستىكى «مۇئمىن بولالمايدۇ» دېگەن سۆز «كاپىر بولىدۇ» دېگەنلىك بولماستىن بەلكى مۇسۇلمان بولىدۇ دېگەنلىكتۇر.

ئىككىنچى، بۇ ھەدىسنى دەستەك قىلىۋېلىپ، مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ مال-مۈلكىنى ئۇنىڭ رازىلىقىسىز ئېلىۋېلىشى ھارامدۇر چۈنكى ئۇمۇ ئۆز مال-مۈلكىنىڭ ئاشۇنداق شەكىلدە ئېلىۋېلىنىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۆزىگە ياخشى كۆرمىگەننى باشقىلارغا ياخشى كۆرۈش مۇئمىنلىككە زىت بولغان گۇناھ ئەمەلدۇر.

ئۈچىنچى، بۇ ھەدىسنىڭ مەفھۇم مۇخالىپى (يەنى ئەكسىچە مەنىسى) بولسا كىشى ئۆزىگە ياخشى كۆرمىگەننى ياكى ئۆزىگە ئۆچ كۆرگەننى قېرىندىشىغىمۇ ئۆچ كۆرمىگۈچە مۇئمىن بولالمايدۇ دېگەندىن ئىبارەت شۇڭا بۇ ھەدىستىن ئىنساپلىق بولۇشنىڭ پەرزلىكى چىقىدۇ. (يەنى بۇ ھەدىس ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «پىچاقنى ئۆزەڭگە سال، ئاغرىمىسا ئۆزگىگە» دېگەن مۇبالىغە خاراكتېرلىك ماقالىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.)

مەسىلەن، بەزى قېرىنداشلار ئۆزىدىن يامان گۇمان قوزغايدىن ئېھتىماللىق ئىشلار سادىر بولغاندا «مەندىن ياخشى گۇمان قىلىڭلار» دەپ قويۇپ، قېرىنداشلىرىدىن مۇشۇنداق ئىش سادىر بولغاندا ئۇلاردىن يامان گۇمان قىلىدىغان ئىنساپسىزلىقنى سادىر قىلماقتا. بۇنىڭغا ئوخشىغان مىساللار ئىنتايىن كۆپ. مانا بۇ ئۆزى ياخشى كۆرمىگەننى قېرىندىشىغا ياخشى كۆرگەنلىك جۈملىسىدىندۇر.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

## بەنى قەينۇقا غازىتى

بۇ غازات ھىجرىيە 2- يىلى شەۋۋالنىڭ 15- كۈنى ئېلىپ بېرىلدى. كۆپلىگەن تارىخچىلار بۇ جەڭنىڭ بەدر جېڭىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغانلىقىغا ئىتتىپاققا كەلگەن. ئەينى چاغدا بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە بولدى، مۇسۇلمانلار بەدردە غەلىبە قىلغان چاغدا ئۇلار غەزىپىنى ۋە ھەسەت ئوتىنى ئاشكارا قىلىپ مۇسۇلمانلار بىلەن ئوچۇق ۋە ئېنىق ھالدا دۈشمەنلەشتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى مەدىنە بازىرىغا يىغىپ نەسىھەت قىلىپ ئىسلامغا دەۋەت قىلدى ۋە ئۇلارنى بەدردە قۇرەيشكە كەلگەن مۇسىبەتتىن ئاگاھلاندۇردى لېكىن ئۇلار قىلچە پىسەنت قىلماستىن پەيغەمبەر ﷺ نى دوئىلغا چاقىردى ۋە تەھدىت سالدى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا تۇرۇشىغا سەۋەب بولغان ئەھدە-كېلىشىمنىڭ ماددىلىرىغا ئەگىشىشى ۋە ئىتائەت قىلىشى زۆرۈر ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ گە مۇنداق دەپ قارشى چىقتى: «ئى مۇھەممەد! سەن <مەن دېگەن قۇرەيشنىڭ بىر تۈركۈم كاتتىلىرىنى ئۆلتۈردۈم> دەپ مەغرۇرلىنىپ كەتمە! قۇرەيش دېگەن ئۇرۇشنى بىلمەيدىغان تەجرىبىسىز، نادان كىشىلەر. ئەگەر سەن بىز بىلەن جەڭ قىلىپ باقىدىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە بىزنىڭ قانداق ئىكەنلىكىمىزنى تونۇپ قالاتتىڭ چۈنكى سەن بىزدەكلەرگە ئۇچراپ باقمىدىڭ».

كىرىزىس مانا مۇشۇنداق كۈچىيىشكە باشلىدى چۈنكى ئۇلارنىڭ جاۋابىدا ئەھدىگە رىئايە قىلىش، توختامغا ھۆرمەت قىلىش دېگەنلەرگە ئىشارە قىلىدىغان بىرەر ئىش يۈز بەرمەستىن، ئەكسىچە ئۇلار جەڭگە تەييارلىق قىلىش، دوئىل ئېلان قىلىش ۋە دۈشمەنلىشىش ئىپادىسىنى ئىزھار قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن الله تعالى مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى: <سىلەر (دۇنيادا) مەغلۇپ قىلىنىسىلەر ۋە (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلىنىسىلەر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان تۆشەك> [12]. (ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! بەدردە جەڭ ئۈچۈن) ئۇچراشقان ئىككى گۇرۇھتا سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار: بىرى، الله يولىدا ئۇرۇشۇۋاتقان گۇرۇھتۇر؛ يەنى بىرى، مۇسۇلمانلارنى (سانىنى) ئۆزلىرىدەك ئىككى باراۋەر ئوپئوچۇق كۆرگەن كاپىرلار گۇرۇھىدۇر (يەنى الله كاپىرلارغا قورقۇنچ سېلىش بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇشتىن قول يىغدۇرۇش ئۈچۈن، كاپىرلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى جىق كۆرسەتتى). الله خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىپ قوللايدۇ. بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت بار [13]» (سۈرە ئال ئىمران 12-، 13- ئايەت).

## يۇقىرىقىلاردىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، يەھۇدىيلارنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ تاھازىرغىچە بولغان تەبىئىتى ـــ ئەھدىگە ۋە ئۆزى تۈزگەن قائىدىلەرگە تولۇق رىئايە قىلماسلىق بولۇپ، ھازىرقى مۇسۇلمانلارمۇ خەلقئارادىكى زور ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە بولغان كۈچلۈك ھاكىمىيەت ۋە ئەڭ زور تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى مونوپول قىلىۋالغان يەھۇدىيلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ چاكىرى بولغان خرىستىئانلارنىڭ «سىلەرگە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ بېرىمىز» دېگەندەك ۋەدىلىرىگە ھەرگىزمۇ ئالدانماسلىقى كېرەك، ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا قاتتىق ئېھتىيات قىلىشى كېرەك.

ئىككىنچى، مۇجاھىدلار كاپىرلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە ھاجەت بولغاندا شەرىئەتكە زىت بولمىغان شەرتلەر ئاستىدا شەرتنامە ياكى كېلىشىملەرنى ھاسىل قىلىش. بۇ ـــ دىندىن چىقىرىۋەتكۈدەك دەرىجىدە كاپىرلارنى دوست تۇتۇش ئەمەس شۇنداقلا دىندىن چىقىرىۋەتمەيدىغان ھارام دەرىجىلىك دوست تۇتۇشمۇ ھەم ئەمەس، ئەگەر بۇنداق بولغان بولسا ئىدى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنداق قىلمىغان بولاتتى شۇڭا «كاپىرلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ـــ كاپىرلىق» دەپ مۇتلەق ھۆكۈم قىلىش بولسا ھازىرقى زامان خاۋارىجلىرىنىڭ ئەقىدىسىدۇر.

ئۈچىنچى، مۇسۇلمانلار مۇستەقىل قارار چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش شەرتى ئاستىدا كاپىر ھۆكۈمەتلەر بىلەن ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان زېمىننى يەنە بىر كاپىر ھۆكۈمەتنىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغداش دۇرۇستۇر.

تۆتىنچى، جىھادنى يېقىندىكى كاپىرلاردىن باشلاشنىڭ ۋاجىبلىقى بولسا مۇتلەق ۋە شەرتسىز ھالەتتىكى ھۆكۈم بولماستىن بەلكى پايدا-زىياننى دەڭسەشكە باغلىق بولغان ھۆكۈمدۇر چۈنكى مەدىنىلىك ساھابىلەر يېقىندىكى كاپىر بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ تۇرۇپ، يىراقتىكى كاپىر بولغان قۇرەيشلەرگە قارشى جەڭ قىلغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇ مەدىنىدە تۇرۇپ يىراق بولغان مەككىدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان. ئەگەر مەككىدىكى كاپىرلارنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە نىسبەتەن يېقىندىكى كاپىر دېيىلسە، ئۇنداقتا بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرى مەككىلىك مۇسۇلمانلارغا ۋە مەككىگە نىسبەتەن يىراقتىكى كاپىر ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ بەنى قەينۇقاغا غازات قىلغاندا مەككىنى قويۇپ تۇرغان چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ يەھۇدىيلارغا ۋە مەككە مۇشرىكلىرىغا بىرلا ۋاقىتتا جەڭ قىلغان ئەمەس. بۇنىڭغا ئوخشىغان دەلىللەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تەرجىمھالىدا كۆپ ئۇچرايدۇ شۇڭا يېقىندىكى كاپىرغا ئۇرۇش ئېچىش توغرىسىدىكى سۈرە تەۋبىنىڭ ئايىتىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۇقىرىقى تەرجىمھالى ۋە سەلەف ئالىملارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە چۈشىنىشىمىز كېرەك. سەلەف ئالىملاردىن ئىمام شافىئي رحمه الله: «<يىراقتىكى كاپىرغا ئۇرۇش قىلىمىزمۇ ياكى يېقىندىكى كاپىرغا ئۇرۇش قىلىمىزمۇ؟> دېگەن مەسىلە ـــ مۇجاھىدلارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە پايدا-زىيىنىنى مۆلچەرلەشكە باغلىق» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئىمام ئىبنى ئەبۇ ئىززى ھەنەفى «ئەقىدە تاھاۋىييە»نىڭ شەرھىسىدە، بۇنداق پايدا-زىيان ۋە كۈچ-قۇۋۋەتنى مۆلچەرلەشتە ئەڭ ئاخىرقى قارار چىقىرىش ھوقۇقى ئىشەنچلىك جىھادىي جامائەتنىڭ ئەمىرىگە خاس ئىكەنلىكىگە قۇرئان، ھەدىس ۋە سەلەف ئالىملارنىڭ ئىجماسى دەلىل ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان.

بەشىنچى، كاپىرلار دائىم پىسخىكا ئۇرۇشى قوزغاپ مۇجاھىدلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى چۈشۈرۈۋېتىش ئۈچۈن تەشۋىقات ئۇرۇشى قىلىدىغانلىقى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش شارائىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكى جىھادنىڭ ئەمىرى تەرىپىدىن قارار قىلىنىپ بولغاندا كاپىرلارنىڭ ياغلىما تەشۋىقاتلىرىغا پىسەنت قىلماسلىقلىرىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركىساندا)




## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

### بەشىنچى ماۋزۇ: بەھىسىيە پىرقىسى

بۇلار خاۋارىجلارنىڭ ئاساسىي پىرقىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بەزى ئەھلى ئىلىملارنىڭ قارىشىدا بۇ پىرقە ئەبۇ بەھىس دېگەن كىشىگە مەنسۇپ دېيىلگەن. يەنە بەزى ئەھلى ئىلىملەر بولسا ئۇنىڭ ئىسمىنى ھەيسەم ئىبنى ئامىر ۋە ئىبنى جابىر ياكى ھەيسەم ئىبنى بەھىس ئىبنى ئامىر، دەپ ئۇنىڭ ئىسمى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقان. مۇھەممەد رەشىد رىزا بۇ كىشىنى بەھىس ئىبنى جابىر دېگەن ئىسىم بىلەنمۇ ئاتىغان. ئۇ نۇرغۇن يېڭى بىدئەتلەرنى پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ھەججاجنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان. شۇ سەۋەبتىن زالىم ھەججاج ئۇنى ئىزدەپ يۈرگەندە، ئۇ مەدىنىگە قېچىپ بېرىۋالغان، ئاقىۋەتتە ئۇ ئوسمان ئىبنى ھەييان ئىبنى مۇزەينى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇ ئەسلىدە ئوسمان بىلەن يېقىن ئىدى لېكىن ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك تەرىپىدىن «ئەبۇ بەھىسنىڭ ئىككى قولى ۋە ئىككى پۇتى كېسىلسۇن، ئاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋېتىلسۇن» دېگەن بۇيرۇق يېتىپ كەلگەندە، بۇ يېقىنچىلىق نەلەرگىدۇ يوقاپ، ئوسمان بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغان.

### ئالتىنچى ماۋزۇ: سەفەرىيلەر پىرقىسى

بۇلار زىياد ئىبنى ئەسفەر دېگەن كىشىگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇلارنىڭ مەغرىبتە ئۆز ئالدىغا دۆلىتى بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپلىگەن بەربەرلەر بۇ مەزھەبنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇلارنىڭ دەۋتى بىر مەزگىل مەخپىي بولغان. بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ پىرقە فۇزەيلىيە ياكى فەزلىيە دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ بىدئەت سۆزلىرىنىڭ بىرى شۇكى: «بىر كىشى زاھىرىدىن قاراشقا كۇفرى ئەمەس بىر سۆزنى سۆزلىسە لېكىن بۇ سۆزدىن كۇفۇر مەنىنى مەقسەت قىلغان بولسا كاپىر بولمايدۇ» دەپ قاراش. (بۇلارنىڭ باشقا سۆزلىرى باشقا خاۋارىجلارغا ئوخشاش بولۇپ، مۇشۇ سۆزىدە خاۋارىجلاردىن پەرقلىنىپ چەكتىن ئاشقان مۇرجىئىيلارنىڭ سۆزىنى تۇتقان).

مانا بۇ يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خاۋارىجلار ئۆزئارا نۇرغۇن پىرقىلەرگە بۆلۈنگەن ۋە ئۆزئارا نۇرغۇن ئۇرۇش ۋە ئاداۋەتلىشىشكە دۇچار بولغان.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پەيغەمبەر تېبابىتى

# بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

## تۇز (مِلْحٌ)

ئەنەس ئىبنى مالىك رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ پادىشاھى ـــ تۇزدۇر» («ئىبنى ماجە» 3315- ھەدىس).

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «پات ئارىدا سىلەر كىشىلەر ئارىسىدا تاماقتىكى تۇزدەك بولۇپ قالىسىلەر، تاماقنى پەقەت تۇزلا ياخشىلايدۇ» (بەززار رىۋايىتى).

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رضي الله عنه نىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تعالى ئاسماندىن زېمىنغا تۆت بەرىكەتنى چۈشۈردى. ئۇلار: تۆمۈر، ئوت، سۇ ۋە تۇز».

تۇز كىشىلەرنىڭ تامىقىنى، بەدىنىنى ياخشىلايدۇ، ئۇ ھەر قانداق نەرسە بىلەن بىرىكەلەيدۇ ۋە ياخشىلىيالايدۇ، ھەتتا ئالتۇن-كۈمۈشنىمۇ.

ئۇنىڭدا شۇنداق بىر قۇۋۋەت باركى، ئۇ ئالتۇننىڭ سېرىقلىقىنى، كۈمۈشنىڭ ئاقلىقىنى ئاربىلاشتۇرالايدۇ. ئۇنىڭ ھەيدەش ۋە تارتىش، ئېغىر ھۆللۈكنى يوقىتىپ بەدەننى قۇرۇتۇش ئالاھىدىلىكى بار. ئۇ بەدەننىڭ بۇزۇلۇش ۋە چىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ، جاراھەتلىك تەمرەتكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شاء الله).

تۇزنى كۆزگە سۈرمە قىلىپ سۈرسە، كۆزنىڭ ئارتۇق گۆشىنى قومۇرۇپ تاشلايدۇ ۋە كۆزدىكى سېرىقلىقنى يوقىتىدۇ. يامان جاراھەتنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئىستىسقا كېسەللىرىنىڭ* قورسىقىغا سۈرۈلسە مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شاء الله). ئۇ چىشنى پاكىزلايدۇ ۋە چىشنى چىرىشتىن ساقلايدۇ، چىش مىلىكلىرىنى چىڭىتىدۇ. ئۇنىڭ مەنپەئەتلىرى ناھايىتى كۆپ.

---

* ئىزاھات: ئىستىسقا كېسىلى ـــ قورساق بوشلۇقىغا سۇ يىغىلىپ قالىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، كۆپىنچە جىگەر قېتىش، جىگەر راكى، بەزى يۈرەك كېسەللىكلىرى، بۆرەك كېسىلى ۋە ئوزۇقلىنىش ناچارلىشىشلاردىن پەيدا بولىدۇ.

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)




# ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

## 2. ۋاخان كارىدورىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى

ئاغاخان تەرەققىيات كومىتېتىنىڭ بۇ رايوننى يېمەك-ئىچمەك بىلەن تەمىنلەش پىلانىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ۋاخان-پامىر رايونىنىڭ ئومۇمىي ئائىلىلىك سانى 1335 ئائىلە، ئومۇمىي نوپۇسى 10590 ئادەم، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 45 ياش.




ۋاخان ۋە پامىر يېزىلىرىنىڭ نوپۇس، ئائىلە ۋە مىللىي تەركىب جەدۋىلى

| يېزا ئىسمى (ئۇيغۇرچە) | يېزا ئىسمى (ئىنگلىزچە) | ئائىلە سانى | نوپۇسى | مىللىتى |
|---|---|---|---|---|
| ئابغارج | Abgarj | 37 | 342 | ۋاخى |
| ئاچاقتاش | Achaqtash | 3 | 17 | قىرغىز |
| ئاشمۇرغۇن | Aeshmurghan | 19 | 166 | قىرغىز |
| ئاقجىلغايىخۇرد | Aqjhilghay khord | 5 | 25 | قىرغىز |
| ئائوست | Aust | 114 | 1001 | ۋاخى |
| بايتۇبورت | Baytuburt | 7 | 41 | قىرغىز |
| بەشكۇنۇك | Beshkunuk | 14 | 67 | قىرغىز |
| بىرگىتكۇ | Birgitiko | 5 | 21 | قىرغىز |
| چارتۇرك | Chartruk | 8 | 44 | قىرغىز |
| ئىلغۇناق | Elghunoq | 25 | 139 | قىرغىز |
| فىتۇر | Fitur | 57 | 136 | ۋاخى |
| غازخان | Ghazkhan | 17 | 149 | ۋاخى |
| ئىچكىلى | Ichkili | 7 | 35 | ۋاخى |
| ئىرغۇئىل | Irghoil | 11 | 55 | قىرغىز |
| ئىستىق | Isteeq | 19 | 104 | ۋاخى |
| خاندۇد | Khandud | 138 | 1244 | ۋاخى |
| كىسكىنتاش | Kiskintash | 6 | 29 | قىرغىز |
| مۇقۇر | Muqur | 3 | 20 | قىرغىز |
| پالپىكۇي | Pal pkuy | 38 | 324 | ۋاخى |
| قەلئەيىپەنجە | Qala panja | 72 | 640 | ۋاخى |
| پەرگىش\ۋېرگانت | Pergish\Wergand | 135 | 1110 | ۋاخى |
| پېتۇخ | Petukh | 50 | 405 | ۋاخى |
| قەلئەيىمازار | Qala Mazar | 7 | 41 | ۋاخى |
| قارا جىلغا | Qara Jilga | 8 | 41 | قىرغىز |
| قارا قۇرۇم | Qara Qurum | 11 | 35 | قىرغىز |
| قارا دىمىر | Qara Dymyr | 7 | 35 | قىرغىز |
| قازىدەھ | Qazi Deh | 74 | 548 | ۋاخى |
| قىزىلتۇك | Qyzylituk | 8 | 51 | ۋاخى |
| روشەن | Roshan | 123 | 1036 | ۋاخى |
| سەرھەدىبىروغىل | Sarhad-e-Broghil | 52 | 548 | ۋاخى |
| سارىماغۇر | Sari Maghur | 17 | 93 | قىرغىز |
| سەست | Sast | 60 | 550 | ۋاخى |
| شاۋىر | Shawr | 17 | 108 | ۋاخى |
| شىكاۋىر | Shikawr | 59 | 454 | ۋاخى |
| تاشبۇلاق | Tash Buloq | 10 | 57 | قىرغىز |
| تىكىلىك | Tikilik | 9 | 39 | قىرغىز |
| تىرگىنغۇرۇم | Tirgynghurum | 16 | 78 | قىرغىز |
| ئۈچ جىلغا | Uch Jilga | 11 | 57 | قىرغىز |
| ۋارق | Warq | 49 | 369 | ۋاخى |
| ئومۇمىي | Total | 1331 | 10574 | |
| قىرغىزلار | Kyrghyz | 206 | 1130 | |
| ۋاخىلار | Wakhis | 1125 | 9444 | |

بۇلار ئىشكەشىم ۋە قەلئەيىپەنجە ئارىسىدىكى ئۇزۇن بۆلەككە، ئۇنىڭدىن باشقا شەرداھ ئىبۇرۇغىلغىچە سوزۇلغان ۋاخان جىلغىسىغىچە بولغان رايونلارغا ئورۇنلاشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭ پامىر بىلەن كىچىك پامىرنىڭ غەربىگە جايلاشقان جىلغىلاردىن پايدىلىنىدىغان پادىچى ئائىلىلىكلەر بار. بۇ سان 210 دىن 240 قىچە بولغان چېدىرلارغا ئورۇنلاشقان قىرغىز پادىچى ئائىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇلارنىڭ نوپۇسى 1000 دىن 1300 گىچە. بۇ قىرغىزلارنىڭ ئىچىدە 140 قا يېقىن قىرغىز ئائىلىسى چوڭ پامىرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جىلغىلارغا تارقالغان، 100 گە يېقىن قىرغىز ئائىلىسى كىچىك پامىردا ياشايدۇ (2003- يىللىق سانلىق مەلۇمات).

ۋاخىلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

ۋاخىلار مۇقىم جايلاشقان ئارىلاش قانلىق كىشىلەر بولۇپ، كۆپلىرىنىڭ ئەسلى ئەجدادلىرى ئىرانلىقلاردۇر. ئۇلار ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى ئىران تىللىرى گۇرۇپپىسىنىڭ پامىر رايونى تۇرىگە تەۋە بولۇپ، ئۆزلىرى خىكۋور (Khikwor) دەپ ئاتايدىغان بىر خىل تىلدا سۆزلەيدۇ، بۇ تىل يەرلىك تىل بولۇپ پۈتكۈل ۋاخان رايونىدا قوللىنىلىدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر يەنە پارسچە سۆزلەيدىغان بولۇپ، پارس تىلى بۇ كىشىلەر بىلەن ئافغانىستاننىڭ باشقا جايلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

2500 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ۋاخان كارىدورى ئۆزلىرىنى ۋاخىلار ياكى خىك(Khik) لار دەپ ئاتايدىغان كىشىلەرنىڭ يۇرتى بولۇپ كەلمەكتە. بۈگۈنكى كۈندە ئافغانىستاننىڭ ۋاخان كارىدورى رايونىدا تەخمىنەن 10000 غا يېقىن ۋاخىلار ياشايدۇ، بۇلاردىن باشقا يەنە 40000 ئەتراپىدا ۋاخىلار تاجىكىستاننىڭ بەدەخشان ۋە پاكىستاننىڭ چاترال رايونلىرىدا ھەمدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ چېگرا بويلىرىدا ياشايدۇ.

ئافغانىستاندىكى ۋاخىلار تۆۋەنكى ۋاخاننىڭ ئەڭ غەربىدىكى قازىدەھتىن باشلاپ (بۇ يەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2800 مېتىر) ئۈستۈنكى ۋاخاننىڭ ئەڭ شەرقىدىكى سەرھەدىبروغىلغىچە بولغان (بۇ يەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3300 مېتىر) رايونلاردا ياشايدۇ.

ۋاخىلار بۇ رايونلاردا بۇغداي، قوناق، ياڭيۇلارنى تېرىيدۇ ۋە ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرىدۇ لېكىن بۇ يەرلەردە ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار ئاران-ئاران يېتىشىدۇ. ھەر يىلى 8- ئاينىڭ تۇنجى ھەپتىسى قوناقتىن مول ھوسۇل ئالغانلىقىنى تەبرىكلەپ ئۆتكۈزىدىغان چىنىر (Chinir) دەپ ئاتىلىدىغان بىر بايرىمى بار.

ۋاخىلار يېزا ئىگىلىكىگە قوشۇمچە قىلىپ باقمىچىلىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئائىلىسىدە دېگۈدەك ئوخشىمىغان ساندىكى مال-چارۋىلار بار.

ئۇلارنىڭ مۇقىم قۇش چارۋىلىرى — كالىلارنى، قوتازلارنى، قويلارنى، ئۆچكىلەرنى، باكتىرىيەن تۆگىلىرى (Bactrian)نى، ئاتلارنى، ئېشەكلەرنى ۋە ئۆردەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چارۋىلىرىنى تاغلارغا ئاپىرىپ باقىدىغانلىرى قىرغىزلارنىڭ بەزى ئۆرپ-ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلغان. مەسىلەن، ئېگىز تاغلاردا، چېدىرلاردا ياشاش دېگەندەك. بۇ چېدىرلارنى ئۇلار ئۆزى ياسىمايدۇ بەلكى قىرغىزلارنىڭ ياسىغان ئاقئۆيلىرىگە سودا ئارقىلىق ئىگە بولىدۇ.

ۋاخىلارنىڭ ھەربىر يېزاياكى مەھەللىسىگە بىر «شاھ» مەسئۇللۇق قىلىدۇ، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئاغاخاننىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى ئادەمدۇر. يەرلىك كىشىلەر بۇ شاھنى ھۆرمەتلەپ ئۇنىڭغا ھەر خىل سوۋغاتلارنى بېرىشىدۇ.

مال-چارۋىلىرى ئاز ۋاخىلار سىرتقا چىقماي چارۋىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يېزىسى ئەتراپىدا باقىدۇ ئەمما مال-چارۋىلىرى كۆپ ۋاخىلار ئۆزئارا كېلىشىپ، مال-چارۋىلىرىنى يازلىق ئوتلاقلارغا ئېلىپ چىقىپ ھەمكارلىشىپ ئوتلىتىدۇ. ئۇلار بۇ رايونلاردىكى ئېگىز تاغلارغا ئائىلىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ 4-5 ئاي ياشاپ، سوغۇق چۈشۈپ كەتكەندە قايتىپ كېلىشىدۇ. يەنى، ئائىلە-بالىلىرىنى ۋە يېشىغا توشقان قوتازلىرىنى ئېلىپ قىش پەسلىدە ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ، باشقا چارۋىلىرىنى پادىچىغا بېقىپ بېرىش ئۈچۈن قويۇپ قويىدۇ. سوغۇق ھاۋا تەسىر كۆرسەتمىسە ئىشتەمىچ (Ishtemich) جىلغىسىدا پۈتۈن يىل قالىدۇ. بۇ رايونلار ئەسلىدە ئارقارلارنىڭ تۇرالغۇ جايى ئىدى لېكىن قويچىلار بۇ رايوننى ئىگىلىۋالدى.

غەربىي چوڭ پامىردىكى ۋاخى پادىچىلار بىلەن شەرقتىكى قىرغىزلار ئارىسىدا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتى بار، ۋاخى ئائىلىلىرى ئۆز جايلىرىغا قايتقاندا چىشى قوتازلىرىنى، بوغاز قوتازلىرىنى ۋە بىر قىسىم قوچقارلىرىنى شەرقىي چوڭ پامىردىكى قىرغىزلارغا قىشتا بېقىپ بېرىشى ئۈچۈن ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بۇ چارۋىلارنى قىرغىزلارغا بىر كىشى يەتكۈزۈپ بېرىش كېرەك چۈنكى بۇ رايوندىن قىرغىزلار ياشايدىغان ئورۇنلارغىچە ئىككى كۈنلۈك ماشىنىلىق مۇساپىدىكى ئارىلىق بار.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




■ 7- ئاينىڭ 23- كۈنى ئافغانىستاننىڭ فەرياب ۋىلايىتى لاۋلاش رايونى مۇكەممەل فەتىھ بولغاندىن تارتىپ تاكى 8- ئاينىڭ 8- كۈنىگىچە مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 40 قا يېقىنى مۇجاھىدلارغا تەسلىم بولغان.

■ 8- ئاينىڭ 4- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغان لىجۇ شەھىرىدىكى ئۆگاندا تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنى چېكىندۈرۈپ، بۇ شەھەرنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان. لىجۇ شەھىرى بولسا سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇ بىلەن بەيداۋا شەھىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم بىر ئورۇن.

■ 8- ئاينىڭ 4- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىدىن بىر قېرىندىشىمىز موتىسىكلىت بىلەن ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بەگرام ھاۋا ئارمىيە بازىسى ئەتراپىدىكى بىر بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىغا قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە بۇ يەردە توپلىشىپ تۇرغان ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن 11 ى ئۆلۈپ كۆپلىرى يارىلانغان.

■ 8- ئاينىڭ 5- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ لوگار ۋىلايىتى باركي باراد رايونىدا تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئىككى دانە ئوق ئۆتمەس ماشىنىسىنى ۋەيران قىلغان، نەتىجىدە ماشىنا ئىچىدىكى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن 6 نەپىرى، مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 3 نەپىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ ئافغانىستان ئىچىگە باستۇرۇپ كىرگەن ئەھلىسەلىب قوشۇنلىرىنىڭ بىر ئاي ئىچىدە تارتقان زىيانلىرى تۆۋەندىكىچە:

53 نەپەر ئەسكەر ئۆلۈپ، 17 نەپەر ئەسكەر يارىلانغان؛ 2 دانە تىكئۇچار ئايروپىلان ۋە بىر دانە AC-130 تىپلىق ئەسكىرىي ئايروپىلان ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن؛ ئوق ئۆتمەس ماشىنىدىن 10 ى ۋەيران قىلىنغان.

■ سومالىدا مۇجاھىدلارغا قارشى كىرگەن ئافرىقا بىرلەشمە تاجاۋۇزچى قوشۇنى سومالىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولماقتا. بۇلار سومالىغا كىرگەن 01 يىل جەريانىدا مۇجاھىدلار تەرىپىدىن نۇرغۇنلىغان تالاپەتلەرگە ئۇچراپلا قالماستىن بەلكى مۇجاھىدلارغا قارشى ھېچقانداق بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. الله نىڭ ياردىمى ۋە مۇجاھىدلارنىڭ سابىت قەدەم تۇرۇشى بىلەن ئاخىرقى نەتىجىدە بۇ تاجاۋۇزچى بىرلەشمە قوشۇن بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە سومالىدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

■ 8- ئاينىڭ 5- كۈنى ئافغانىستاننىڭ بادغىس ۋىلايىتى ئەبكىرمەك رايونىدا مۇرتەد ئارمىيە قوشۇنلىرى مۇجاھىدلارغا قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. الله نىڭ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى سابىت قىلىشى بىلەن 2 كۈن قاتتىق جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە، بۇ شەيتان قوشۇنلىرى خار ھالەتتە ئارقىغا چېكىنگەن. جەڭ جەريانىدا مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 15 نەپىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان، 5 دانە تانكا ۋەيران بولغان. نۇرغۇنلىغان مىقداردا قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلار غەنىيمەت ئېلىنغان.

■ 8- ئاينىڭ 8- كۈنى يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ ئەبيان ۋىلايىتى جىھىن رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ «لىۋا 301» ناملىق ئەسكىرىي تەلىمگاھىغا قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 50 كە يېقىن ئەسكەر ۋە مەسئۇللار ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 8- ئاينىڭ 9- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ پاكتىيا ۋىلايىتى جانىفىل رايونىدىكى ئەسكىرىي مەركەز ۋە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىغا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 3 نەپەر مەسئۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 37 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 8- ئاينىڭ 11- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرىنىڭ ئىنغىماسچىلىرى دەمەشق ۋىلايىتىنىڭ غەربىي غۇتا رايونىدىكى تەللە يۇسۇف ئېگىزلىكىگە ئىنغىماس ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئېگىزلىككە جايلاشقان بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ قورال-ياراقلىرىنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 8- ئاينىڭ 11- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرىنىڭ ئىنغىماسچىلىرى شىمالىي ھەلەبنىڭ كاستىلو زاۋۇتلىرى رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ، نۇسەيرىيەلەردىن 9 نى ئۆلتۈرۈپ 7 نى يارىلاندۇرغان ھەمدە قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئېلىپ ساق-سالامەت چېكىنىپ چىققان.

■ 8- ئاينىڭ 13- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى دەمەشق ۋىلايىتىنىڭ غەربىي قەلەمۇن رايونىدا بەششار ئەسەد ھۆكۈمىتى بىلەن ئەسىر ئالماشتۇرۇپ 24 نەپەر مۇسلىمە ھەمشىرىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 104 نەپەر قېرىندىشىمىزنى ئەسىرلىكتىن قۇتقۇزۇپ چىققان.

■ 8- ئاينىڭ 15- كۈنى ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز ۋىلايىتى ئاكبارىيان رايونىدا سەيفۇللاھ ئىسىملىك بىر نەپەر پىدائىي قېرىندىشىمىز كاپىرلار توپلاشقان ئورۇنغا قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 3 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرى، 16 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرى ۋە 20 نەپەر ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان. بۇ ئەمەلىيەتتە يەنە 5 دانە تانكا ۋە بىر دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران بولغان.

■ 8- ئاينىڭ 16- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ فەراخ ۋىلايىتىگە جايلاشقان ئەسكىرىي ئايرودرومغا توپ قورال ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە تانكىسىنى ۋەيران قىلغان ۋە 5 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، 3 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان. ئىقتىسادىي زىيان كۆنسېرى ئاشماقتا.

■ 8- ئاينىڭ 16- كۈنى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ شىبىيلى ۋاستا ۋىلايىتىنىڭ مەھدايى شەھىرى ئەتراپىدا چوڭ بىر نەپەر ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| ثُعْبَانٌ | يىلان | قَتَلَ أَحْمَدُ ثُعْبَانًا | ئەھمەد يىلاننى ئۆلتۈرۈۋەتتى |
| أَسَدٌ | شىر | حَمْزَةُ مَعْرُوفٌ بِلَقَبِ «أَسَدُ اللهِ» – ھەمزە رضي الله عنه «الله نىڭ شىرى» دەپ نام ئالغان | |
| فِيْلٌ | پىل | الفِيْلُ حَيْوَانٌ كَبِيْرٌ جِدًّا | پىل بەك يوغان ھايۋان |
| ذِئْبٌ | بۆرە | يَهْجُمُ ذِئْبٌ عَلَى شِيَاهِنَا حِيْنًا بَعْدَ حِيْنٍ – بىر بۆرە پات-پات قويلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلىدۇ | |
| دُبٌّ | ئېيىق | الدُّبُّ يُحِبُّ العَسَلَ جِدًّا | ئېيىق ھەسەلگە بەك ئامراق |
| ثَعْلَبٌ | تۈلكە | الثَّعْلَبُ حَيْوَانٌ مَكَّارٌ | تۈلكە بەك ھىيلىگەر ھايۋان |
| نَمِرٌ | يولۋاس | يَخَافُ كُلُّ حَيْوَانٍ فِي الْغَابَةِ مِنَ الْأَسَدِ – ئورمانلىقتىكى پۈتۈن ھايۋانلار يولۋاستىن قورقىدۇ | |
| حِمَارٌ | ئېشەك | مَاتَ حِمَارُ جَارِنَا | قوشنىمىزنىڭ ئېشىكى ئۆلۈپ قالدى |
| حِصَانٌ | ئايغىر | يَعْدُو حِصَانُنَا عَدْوًا | بىزنىڭ ئايغىر بەك چاپىدۇ |
| قِرْدٌ | مايمۇن | القِرْدُ مَاهِرُ الْمُحَاكَاةِ | مايمۇن دوراشقا ماھىر |
| كَلْبٌ | ئىت | لَنَا كَلْبٌ يَدْفَعُ عَنِ الْبُسْتَانِ | بىزنىڭ باغقا قارايدىغان ئىتىمىز بار |
| جَمَلٌ | تۆگە | الجَمَلُ مَشْهُورٌ بِلَقَبِ «سَفِيْنَةُ الصَّحْرَاءِ» - تۆگە «چۆل كېمىسى» دەپ ئاتالغان | |




تۆۋەندىكى تېپىشماقنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

1. ساڭاتە ۋە بولغان لېكىن ساڭا قارىغاندا باشقىلار بەك كۆرەك قوللىنىدىغان نەرسە نېمە؟



2. چىشى بار لېكىن چىشلىيەلمەيدىغان نەرسە نېمە؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. بىر يىل ئىچىدىكى 12 ئاينىڭ ھەممىسىدە 28 كۈن بار.

2. ئۇلار بوۋا، دادا ۋە بالىدىن ئىبارەت ئۈچ كىشى بولغاچقا ئۈچ كىشلىك تاماق بۇيرۇتقان. بوۋىسىغا نىسبەتەن قالغان ئىككىسى ئىككى بالا، بالىسىغا نىسبەتەن قالغان ئىككىسى ئىككى دادا.

3. ئۇ ئەر بولسا خوجايىن، ئۇ ئايال بولسا ئۇنىڭ دېدىكى ئىدى، ئۇ دېدەك شۇ ۋاقىتتا ھىجابسىز ناماز ئوقۇۋاتقان ئىدى. ئۇ خوجايىن ئۇ دېدەككە: «سەن ئازات قىلىندىڭ!» دېيىشى بىلەن ئۇ دېدەك ھىجابلىنىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەن. ئۇسەيمىن قاتارلىق كۆپچىلىك ئالىملار: «دېدەك مەيلى نامازدا بولسۇن ياكى ئادەتتىكى ۋاقىتتا بولسۇن خوجايىنىنىڭ ئالدىدا بېشى ۋە چېچىنى يېپىشى پەرز ئەمەس» دەپ قارايدۇ.

## ئائىلىدىكى رېتسېپلار

### گازىرنىڭ شىپالىق رولى

گازىر ــ تاجىسمان ئارتېرىيىلىك يۈرەك كېسەللىكى، يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسى، يۇقىرى قان بېسىمى ۋە دىئابىت كېسەللىكى قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈنۈمىگە ئىگە.

گازىر تۆمۈر كەملىكتىن بولغان قان ئازلىق كېسەللىكىگىمۇ شىپا بولىدۇ. گازىرنىڭ تەركىبىدە ۋىتامىن E مول بولۇپ، تېرىنىڭ يۇمرانلىقىنى ساقلايدۇ. ئاشقازاننىڭ سۈيۈقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ (إن شاء الله).

گازىر تەركىبىدە كالىي، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر، ماگنىي قاتارلىق مىنېرال ماددىلار ئىنتايىن مول. ئۇ تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

1. ئىشقارنى تارقىتىپ، ماددىلارنى تازىلايدۇ؛ 2. مېڭىنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ؛ 3. پەيلەرنىڭ سوغۇقتىن ئاغرىشىنى ۋە چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ؛ 4. بوۋاسىر ۋە ئۆپكىدىكى جاراھەتلەرنى تازىلايدۇ؛ 5. گازىر يىلتىزىنى سۇدا قاينىتىپ ئېغىزنى چايقىسا، چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ؛ 6. گازىر گۈلىنى ئىزىپ چاپسا، مۇپاسىل ۋە يانپاش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ؛ 7. گازىر قىل قان تومۇر دىۋارىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قاننى راۋانلاشتۇرىدۇ؛ پۈت-قول يېرىلىش ۋە داغ پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ (إن شاء الله).

ئەسكەرتىش:

گازىر (ئاپتاپپەرەس) تەركىبىدىكى ماينىڭ ئاساسىي قىسمى ــ تويۇنمىغان ماي كىسلاتاسى بولۇپ، ئادەم بەدىنىدە بۇ خىل ماينىڭ مىقدارى ئېشىپ كەتسە ئۆت ئىشقارىنى كۆپ خورىتىپ، بەدەندىكى ماينىڭ ئالمىشىشىنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىدۇ ۋە جىگەردە ماي كۆپلەپ يىغىلىپ قېلىپ، جىگەر ئىقتىدارى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، كېسەللىكنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ شۇڭا جىگەر كېسىلى بارلار گازىر چاقماسلىقى كېرەك.

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته